4

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10844-2
9 787228 108442 >
定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

4

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间趣闻.4：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10844-2

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006062号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

维吾尔民间趣闻 – 4（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10844-2　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ــــ 4

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ــــ 5000
ISBN 978-7-228-10844-2
باھاسى: 4.50 يۈەن

# مۇندەرىجە

## موللازەيدىن لەتىپىلىرى


كەمبەغەللەر دوزاختا يوق ..................... 3
باينىڭ كۆز ئاغرىقى ..................... 3
گۈلسىز خەلپەت ..................... 4
تاڭگار بىلەن خاڭگار ..................... 5
زىياپەتتە ..................... 6
قارا ئايمۇ بارمىدۇ ..................... 7
ئالۋان يىغىش ..................... 8
قەرز تۆلەش ..................... 9
ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ..................... 11
ئىمامنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ ..................... 13
ئىشتانسىز يۈرۈۋېرىدۇ ..................... 14
ئەقلىڭىز يەتمەمدۇ ..................... 14
قورساق ۋە بۇرۇن ..................... 16
بۇ دۇئانى مەنلا قىلىۋېتەي ..................... 18
جازا ..................... 19
ئالتە پۇت ..................... 21

ئالاھىدە چاپان ............................ 21

يەنە بىر ئۆلتۈرۈۋېتەر ..................... 23

جېنى چىقىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن ........... 24

يانتاق ئەكېلىش ........................ 24


## روزى قارىم لەتىپىلىرى


كانتۇ كاۋىسى ............................ 27

قاپاق ئېسىپ قوياي دەپ ..................... 27

تېرەن يەردىن چىقالمايدۇ ...................... 28

«قىت ـ چۇھ !» دەمدىكىن دەپ .................. 28

بۇ يول نەگە بارىدۇ ...................... 29

مەتمەن يوق ............................ 29


## ئۇستا رازى لەتىپىلىرى


قورقۇتۇش ............................ 32

قوينىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيدۇ ................. 33

ئۆمۈرلۈك ئاياغ ........................ 34

قوشۇپ تىكىش .......................... 34

بىگىم نىمە يەيدۇ ......................... 35


## سەلەي چاققان لەتىپىلىرى


ھاكىمنىڭ ئەقلى ........................ 38

دىدارىڭىزنى كۆرۈۋالسۇن .................. 38

قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كېلەي ................ 39

دۇئا ................................ 39

كۆرپە كۆيۈپ كەتمىسۇن ..................... 40

مەندىن قورقىدۇ ........ 41

ئۈركۈيمەن ........ 43

چاشقان ئېلىپ قاچتى ........ 44

چىشىنى بىلەۋاتىدۇ ........ 45

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........ 46

كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ ........ 47

قېتىق بارمۇ ........ 48

ئۆزلىرىنى دوراۋاتىدۇ ........ 49

قىل ........ 50

قوغۇن - پوغۇن ........ 50

قازىنىم تۇغۇپ قالدى ........ 51

گۆر كولاش ........ 52

ئىتنى دۇمبالاش ........ 52

ئېشەك بار يەردە بېدە بولمىسا بولامدۇ ........ 53

ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ........ 54

ئويلاپ بولمىدىم ........ 55

ئېشەك ئېشەكنى كۆرسە هاڭرايدۇ ........ 56

قۇش باققۇچى ........ 57

دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ ........ 58

بىر تال سامان ........ 59

ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتكەنسەن ........ 59

مەنمۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم ........ 60

تەرلىنىش ........ 61

ئىشتىن يانغۇچە كېتىپ قالاي ........................ 61
ھەم كۆرمەس، ھەم كۆرەلمەس ........................ 62
ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا ........................ 63
هارامنىڭ جايى دوزاختا ........................ 63
توغرا يېزىپتىمەن ........................ 64
مەشىق قىلىۋاتىدۇ ........................ 65
كېرەك يوق ........................ 66
سىلىدەك ئىتتىن قورقمايمەن ........................ 66
ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق ........................ 67
قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ ........................ 68
تەخەي چوڭ بولسا ........................ 69
ساقال دورا بولۇپ ........................ 70
نېمىسىنى تۆكىمەن ........................ 71
بايلارنىڭ گۆرىنى كولاش ........................ 71
ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ ........................ 72
كوزا ........................ 72



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# موللا زەيدىن لەتىپىلىرى

موللا زەيدىن 1815 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق لۈكچۈن يېزىسىنىڭ باغئارا مەھەللىسىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپ يېشىغا توشقاندا دىنىي مەكتەپتە ۋە مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇ يەتتە يېشىدا خەتمىدىن ئۆتۈپ قارىي بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موللا» دېگەن ئىلمىي سۈپەت قوشۇلۇپ «موللا زەيدىن» دەپ ئاتالغان. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، سورۇنلاردا ناخشا ئېيتىپ سازەندىلىك قىلغان.

موللا زەيدىن ناھايىتى خۇش پېئىل، چاقچاقچى، سۆزمەن، سەزگۈر ۋە پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقان قىزىقارلىق پاراڭ، لەتىپە، چاقچاق ۋە ھەجۋىي قوشاق ـ بېيىتلىرىدا ۋاڭ، خوجا، قازى، بەگلەردىن تارتىپ ئالدامچى موللىلارغا قەدەر پاش قىلىنغان ۋە ئۆتكۈر ھەجۋىي

قىلىنغان.
تۇرپان، قۇمۇلدىكى ۋاڭ ئوردىلىرىدا قىزىقچى،
گەپدانلارنى ئوردا خىزمەتچىسى قىلىش ئادىتى بولغاچقا،
لۈكچۈندىكى ئەپرىدۇن ۋاڭ ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ
كەلگەن. موللا زەيدىن ئوردىدا داۋاملىق ۋاڭ - خوجىلارنى
مەسخىرە قىلىدىغان لەتىپە - چاقچاقلارنى ئېيتقانلىقى
ئۈچۈن ئوردىدىن سەككىز قېتىم قوغلانغان. توققۇزىنچى
قېتىم ئوردىغا چاقىرتىلغاندا، ۋاڭ ئۇنى «شېرىن دۈشمە-
نىم» دەپ ئاتىغان. ئەپرىدۇن ۋاڭ مەنچىڭ خانىغا تارتۇق
ئېلىپ بېيجىڭغا بارغاندىمۇ، كېيىن قەشقەردە ۋاڭ بولغان-
دىمۇ بۇ مەشھۇر خەلق قىزىقچىسىنى ئۆز يېنىدا بىللە
ئېلىپ يۈرگەن. موللا زەيدىن قەشقەردە ئەپرىدۇن ۋاڭ بى-
لەن توققۇز يىل بىللە تۇرۇپ، 1860 - يىلى ئۆز يۇرتى
لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن، 1881 - يىلى ۋاپات بولغان.

موللا زەيدىن لەتىپىلىرىگە تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تىل - شېۋە ئالاھىدىلىكى سىڭ-
گەن بولۇپ، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە. ئۇنىڭ قىزىقارلىق
لەتىپە - پاراڭلىرى يالغۇز پىچان، تۇرپان تەۋەسىدىلا ئە-
مەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ
كەڭ تارقالغان.

## كەمبەغەللەر دوزاختا يوق

بىر كۈنى يۇرتنىڭ بايلىرى، قازى ھەم موللىلىرى بىر باينىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپتۇ. داستىخان سې-لىنىپ ئاش تارتىلىپتۇ. بىر پېخسىق باي ئاش يەۋېتىپ ئەتراپتىكىلەرگە قارىغىنىچە:

— مۇشۇ كۈنلەردە تىلەمچى گادايلار كۆپىيىپ كەتتى، ئۇلار يوق جايلارمۇ بارمىدۇ؟ — دېيىشى بىلەن داستىخاز-نىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغان موللا زەيدىن دەرھال:

— ئۆتكەن جۇمە نامىزىدا قازى ئاخۇنۇم: «بۇ ئالەمدە جاپا چەككەن جاپاكەشلەر ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىدۇ، ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرگەنلەر ئۇ ئالەمدە ھېساباتىنى بېرىدۇ، ئەگەر ھارامنى يېگەنلەر بولسا دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەنىدى. قازى ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى توغرا بولسا، جاپاكەش كەمبەغەل-لەر ئەلۋەتتە دوزاختا يوق، — دەپتۇ.

ھېلىقى پېخسىق باي لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ.

## باينىڭ كۆز ئاغرىقى

بىر باي كۆزى ئاغرىپ قېلىپ، يىراق - يېقىندىكى ھېكىملەرنى چاقىرتىپ داۋالىتىپتۇ، لېكىن ئۈنۈمى بول-ماپتۇ، ئاخىر موللا زەيدىنگە يالۋۇرۇپتۇ. موللا زەيدىن:

— سىلىنىڭ كۆزلىرىنى ساقايتىشقا بولامدۇ، بۇنى مەن خىزىردىن سوراپ باقاي، — دەپلا مەسچىتكە قاراپ مېڭىپتۇ، بىر هازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بايغا مۇنداق دەپتۇ، — خىزىر سىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى. خىزىر ئەسلىدە كۆزلىرىگە زىيان سالماقچى ئەمەس ئىكەن-دۇق، ئەمما تۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەرزىچە، سىلى دائىم كىشىلەرگە ئىككى خىل كۆز بىلەن قارايدىكەنلا. خىزىر ئامالسىز سىلىنىڭ بىر كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىپ ئاغرىتىپ قويۇپتۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرگە بىر خىل كۆز بىلەن قارىسىلا.

## گۇلسىز خەلپەت

موللا زەيدىن مەدرىسە هويلىسىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ تۇرغاندا، خەلپەت كېلىپ ناماز ئۆتەشكە قوغلاپتۇ. بالىلار خەلپەتنىڭ گېپىگە سوغۇق مۇناسىۋەتتە بولغانىكەن، خەلپەت كالا تېرىسىدە ياسالغان دەررە بىلەن بالىلارنى ئۇرۇپ-سوقۇپ تارقىتىۋېتىپتۇ. دەررە ياش موللا زەيدىنىگىمۇ تېگىپتۇ. بۇنداق ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلىغان موللىسى ئۆيدىن چىقىپ:

— يىغلىماڭلار، بالىلىرىم، دەررە تەگكەن يەردىن قىيامەت كۈنى گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، — دەپتۇ. موللا زەيدىن تۇرگۇن هالەتتە:

— گۈل ئۈندىغان ئىش بولسا، خەلپىتىمنى بىزمۇ ئۈرۈپ قويايلى، قىيامەت بولغاندا خەلپىتىم گۈلسىز خەلپەت بولۇپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

## تاڭگار بىلەن خاڭگار

لۈكچۈن ۋاڭى بىر كۈنى موللا زەيدىن بىلەن تۇرپانغا كەپتۇ. ۋاڭ مۇنار تۈۋىگە كەلگەندە تاڭگارغا ئامراق موللا زەيدىننى مەسخىرە قىلماق بولۇپ، مۇنار ئەتراپىدىكى



ئاقىرىپ ياتقان يارداڭلارنى كۆرسىتىپ:

— موللا زەيدىن، مۇشۇ ئاق يارداڭلار تاڭگار بولغان بولسا، يېنىغا ئۆي سېلىپ كېلىشۈپلىپ، بالىلىرىڭ بىلەن ئولاش - چولاش يېگەن بولساڭ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! — دەپتۇ.

موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ خاڭگارغا ئامراقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ:

— ئۇ چاغدا ئاۋۇ مۇنار خاڭگار بولغان بولسا، ئۆزلىرىمۇ ئوردىنى كۆچۈرۈپ كېلىشۈپلىپ ئەتە - ئاخشامدا خاڭگار يەپ ئۆتكەن بولسىلا ئەجەبمۇ قاملاشقان بولاتتى، — دەپتۇ.

## زىياپەتتە

بىر كۈنى ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا زىياپەت بوپتۇ. تاماقتىن كېيىن موللا زەيدىننىڭ مەڭزىگە بىر تال گۈرۈچ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ۋاڭ ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ:

— ھە، موللا زەيدىن، ئېدىرغا كېيىك چىقىپتۇ، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزنى تاپقانلىقىغا مەستلىكى كېلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇرنىنىڭ پوتلىسى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنىڭغا سەپسالغان موللا زەيدىن:

— ھە، ۋاڭ بېگىم، كاماردىن ئېيىق چىقىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# قارا ئايمۇ بارمىدۇ



موللا زەيدىننىڭ كې-
يىنكى خوتۇنى ئۇرۇشقاق
چىقىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى
قارامتۇتۇق ئىكەن. بىر كۈ-
نى خوتۇنى موللا زەيدىن
بىلەن ئۇرۇشۇپ توختىماپ-
تۇ. ئۇنىڭدىن بىزار بولغان
موللا زەيدىن:

— ماڭ، نېرى كەت
قارىلاق، — دەپتىكەن، خو-
تۇنى يىغلاپ يامانلاپ ئاپى-
سىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن قازى
موللا زەيدىننى چاقىرتىپ-
تۇ. موللا زەيدىن قازىخانىغا
كىرىشىگىلا ئۇنى كۆرگەن قېينانىسى:

— تولۇن ئايدەك پارقىراپ، تۇرسا يۈزى ئاپئاق،
هايا قىلماي دەپسەنىغۇ، سەن قىزىمنى قارىلاق ! — دەپتۇ.

موللا زەيدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئايمىدۇ، ئايلارمىدۇ، ئايغا بولۇت دالدامىدۇ؟ ئاي
بولسا ئاپئاق بولار ئىدى، قارا ئايمۇ بارمىدۇ؟ — دەپتى-

كەن، قازى ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ كولۇۋېتىپتۇ.

## ئالۋان يىغىش

موللا زەيدىن ئوردىدا ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋاڭ موللا زەيدىننى دورغىلار بىلەن خەلقتىن ئالۋان ئۈچۈن ئاشلىق يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

موللا زەيدىن ئىككى كۈندىن كېيىن ئوردىغا قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ ۋە ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ۋاڭ جانابلىرى، هازىر سېرىقتال ۋاقتى بولغاچقا، خەلقتە ئاشلىق قالماپتۇ. قانداق قىلساق بولاركىن، دەپ مەسلىھەتكە كېلىۋىدىم، — دەپتۇ.

موللا زەيدىننىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگىنىگە خاپا بولغان ۋاڭ:

— شۇمۇ گەپمۇ؟ سىلەر نان قېپىلار، هېچنېمىگە كارغا كەلمەيسىلەر. ئاشلىقى بولمىسا، نېمىسى بولسا شۇنى يىغامسىلەر! — دەپ زەردە قىپتۇ. ۋاڭدىن مۇشۇ جاۋابنى كۈتكەن موللا زەيدىن:

— خوپ، بولىدۇ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئوردىغا هارۋىلار كىرگىلى تۇرۇپتۇ. هارۋىلارنىڭ بەزىلىرىگە پاخال، يانتاق، بەزىلىرىگە قوناق شېخى، بەزىلىرىگە سامان، بەزىلىرىگە دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە بەزىلىرىگە ئەسكى پىيما، ئەسكى كەش بېسىلغا-

نىكەن.

بۇنى كۆرگەن ۋاڭ ئاچچىقىغا چىدىماي:

— مولla زەيدىن، يىغقان نەرسىلىرىڭنىڭ ئورنىغا نېمە كېرىكى بار؟ دەرھال كۆزۈمدىن يوقات! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، ۋاڭ جانابلىرى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا كېرەك ئەمەسلىكىنى مەن نەدىن بىلەي. ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرىغا ئاساسەن، خەلقنىڭ نېمىسى بولسا، شۇنى ئەكەلدىم، — دەپتۇ موللا زەيدىن.

## قەرز تۆلەش



موللا زەيدىننىڭ دادىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنى كۆمگىلى ئاچىقىپ كېتىپ بارغاندا شۇ مەھەللىدىكى بىر جازانىخور:

— مېنىڭ ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار ئىدى، شۇنى تۆلىۋەتسۇن، بولمىسا قىيامەتتە قەرز بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جىنازىنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. موللا زەيدىن: «دادامنىڭ قەرزىنى مەن تۆلەيمەن» دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن جازانىخور جىنازىنى قويۇۋېتىپتۇ.

موللا زەيدىن ئىككى يىل توققۇز كۈردىن بۇغداي تۆلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ توي قىلىشىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈۋېرىپتۇ. ئۇ بىر قىشلىقى ئوبدان ئوقەت قىلىپ خېلىلا جىق تەڭگە تېپىپتۇ. بۇنى كۆرگەن جازانىخور

قەرزنى سۆيلەپتۇ. موللا زەيدىن:

— مانا قالغان ئىككى كورە بۇغدايىنىڭ پۇلى، — دەپ ئۈچ سەر تەڭگە بېرىپتىكەن، جازانىخور:

— ياق، سېنىڭدە ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار. ھەر دادەن بۇغداي ھەر يىلى بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى مېنىڭ ئىككى دادەن بۇغدىيىم تۆت دادەن بولاتتى. سېنىڭ بەرگىنىڭ ئۇن سەككىز كورە، مەن تېخى ئىككى كورە بۇغداينى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ، ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار دەۋاتىمەن، — دەپتۇ. موللا زەيدىن بىر دادەن بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرەي، تۈگىشەيلۇق، دېسىمۇ ئۇنىماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، مەن ساڭا ئىككى دادەن بۇغداي تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ موللا زەيدىن. جازانىخور بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر چۆلگە چىقىپتۇ. موللا زەيدىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئېدىرغا چىقىپتۇ. جازانىخور يىراقتىن تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ھاي موللا زەيدىن، بېرىدىغان بۇغدىيىڭ نەدە؟

— ئالدىرىمىسىلا، ھازىر، — موللا زەيدىن بىر دۆڭگە چىقىپ ئۇنى چاقىرىپتۇ. جازانىخور يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— مۇنۇ تۇزلەڭلىكنى كۆرۈۋاتامىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرۈۋاتىمەن.

— بەللى، سىلى مېنىڭ توي قىلىشقا يىغىپ قويغان

بۇغدايلىرىمنى ساپ قەرزگە دەپ ئېلىۋالدىلا. ئەگەر مەن توي قىلىپ ئوتتۇرا قولدەك تۆت ئوغۇل تاپقان بولسام، ئوغۇللىرىم ئەسقاتقۇدەك بولغاندا مۇشۇ يەرنىڭ كونچىقىد-شىغا كارىز چاپاتتىم. كارىزدىن لەپپىدە سۇ چىقسا، كۆز-پېتىش تەرىپىگە بۇغداي تېرىيتتىم، — دەپتۇ موللا زەي-دىن، — بۇغدايلار راسا ئوخشاپ كەتسە، ئىككى دادەن بۇغدايلىرىنى بېرىۋېتەتتىم.

جازانىخور پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— قەرزىمنى نەق ئۈندۈرۈۋالىدىغان بولدۇم، دەپ خۇ-شال بولۇۋاتىلا - ھە، — دەپتۇ موللا زەيدىن.

## ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بىر كۈنى ۋاڭ يۇرت ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە بېرىپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرىدىغان ۋاقىتتا ۋاڭ موللا زەيدىننى گەپتە چۇشۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇنى داستىد-خانغا چاقىرتىپتۇ. موللا زەيدىن يېتىپ كەلگەندىن كېي-يىن، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا ئەتكەندىن بې-رى قۇرۇقدىلىپ قالغان لېگەنلەرنى سۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاز-دىن لېگەنلەرگە ئۇستىخان، تاۋۇز - قوغۇن شاپىقى، ئۇ-زۇم، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى، ئانار شۆپۈكى قاتارلىقلارنى تولدۇرۇپ:

— قېنى، موللا زەيدىن، باياتىن داستىخانغا داخىل

بولالمىدىڭ، قالغان-قاتقانلىرىغا بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ باق، تارتىنماي ئال، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. قالغان ئەمەلدارلارمۇ كۈلۈشۈپ موللا زەيدىننى زاڭلىق قىپتۇ.

ئىشنىڭ تېگىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغان موللا زەيدىن:

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، — دەپ بۇ ئىشنى كۆڭ-لىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە موللا زەيدىن ۋاڭ ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. مېھمانلار كېلىشىپ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، موللا زەيدىن داستىخان ئورنىدا ئې-شەكنىڭ بىرنەچچە ئىچ توقۇمىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېيىپ-تۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋاڭ:

— موللا زەيدىن، بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. موللا زەيدىن:

— ئولتۇرۇشسىلا، كېلىش ئۆزلىرىدىن، كېتىش مې-نىڭدىن. ئۆيۈمدە نېمە بولسا مېھمىنىمغا شۇنى قوي، دې-گەن گەپ بار. مەنمۇ ئۆزلىرىنى لايىقلىرىدا كۈتۈۋېلىپ، خىزمەتلىرىدە بولاي، — دەپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ۋاڭ ئىشنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

موللا زەيدىن ئىچكەركى ئۆيدىن ئالدىن تەييارلاپ قوي-غان نەرسىلەرنى لېگەنلەرگە تولدۇرۇپ ئاچىقىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يۇيۇپ ئۈستىگە كېپەك سېپىلگەن سامان،

ئۇششاق پارچىلانغان مۇز، كېۋەز ـ قوناق غازىڭى، ئۇششاق توغرالغان قوناق شېخى، مېۋە يوپۇرماقلىرى بار ئىكەن. ئاخىردا بىرنەچچە لېگەندە قوي بېشىنىڭ پاكىز غاجىۋې-لىنغان پۇتۇن ئۇستىخىنىمۇ كەلتۇرۇلۇپتۇ. موللا زەيدىن:

— قېنى، مېھمانلار، ۋاڭ جانابلىرى، قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا بۇ نەرسىلەر ھېچ-نېمىگە ئەرزىمەيدۇ، قېنى، تارتىنماي ئېلىشسىلا، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ.

ۋاڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇنقى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، لېۋىنى چىشلەپ يولغا راۋان بوپتۇ.



## ئىمامنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ

نامازدا رۇكۇغا ئولتۇرۇۋاتقاندا ئىشتانبېغى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىمام جامائەتكە چان-دۇرماي غىپلا تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. جامائەت سەجدىدە خېلى ئۇزاق تۇرۇپتۇ، لېكىن ئىمامدىن خەۋەر بولماپتۇ. ئاخىر تاقەت قىلالمىغان موللا زەيدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھرابقا قاراپ ۋارقىراپتۇ:



— جامائەت، ئىمامنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ !

## ئىشتانسىز يۇرۇۋېرىدۇ

موللا زەيدىندىن ئون نەچچە ياش چوڭ بىر بايۋەچچە ئۆزىنىڭ يېشىنى يوشۇرۇپ:

— مەن موللا زەيدىندىن بەش — ئون ياش كىچىك، ئۇنىڭ تويى بولغاندا مەن تېخى ئىشتانسىز يۈرەتتىم، — دەپتۇ.

— توغرا، توغرا، ئىشتانسىز يۇرەتتىڭ. شۇ چاغلاردىمۇ سەن هازىرقىدەكلا ئىزا تارتمايتتىڭ، ئىزا تارتمايدىغان ئادەم ئون بەش — يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندىمۇ ئىشتانسىز يۇرۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ موللا زەيدىن.

## ئەقلىڭىز يەتمەمدۇ

موللا زەيدىن تامچىلىق قىلىپ يۇرگەن چاغلىرىدا بىر باي ئۇنى ئۆزىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇپ بېرىشكە ئەكىلىپتۇ. باي موللا زەيدىننىڭ ئۇچ ۋاخلىق تامىقىغا ئۇچ تۇخۇم بىلەن بىر پىيالىدىن چۇرۇچ بېرىپتۇ. موللا زەيدىن ئىككى كۇندە تامنى پۇتكۇزۇپتۇ. باي ئۇنىڭغا بېرىدىغان هەقتىن ئېغىز ئاچماپتۇ. موللا زەيدىن گەپ قىلغۇچە، باي:

— موللا تامچى، خۇدا خالىسا سىنىڭ قوپۇرغان تې-

مىڭ ئون يىل ئۆرۈلمەي، چاك كەتمەي تۇرسىلا بولغىنى، بولمىسا كەتكەن چىقىمنى تۆلىشىڭگە توغرا كېلىدۇ، ــ دەپتۇ. بۇنىڭغا زەردىسى قايىنىغان موللا زەيدىن:

ــ باي ئاكا، ھېكمەتلىك سۆزىڭىزدىن ئايلىناي، تې-مىڭىزنى مەن قوپۇرسام، ھەقنى سىز تۆلىمەي يەنە مەن تۆلەيدىكەنمەن ـ دە، بۇ قانداق گەپ؟ ــ دەپتۇ.

موللا زەيدىننى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئالدىيالايمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەنگەن باي:

ــ قانداق گېپىڭ بۇ، موللا تامچى، سەن تېخى مىڭ قەتلە شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ. سەن ئىككى كۈندە ئالتە تۇخۇم بىلەن ئاتمىش باش بۇغداينىڭ چۇرۇچىنى يېدىڭ. ئالتە تۇخۇمنى باسۇرسام، ئالتە توخۇ بولىدۇ. ئالتە توخۇ تۇغسا، بىر يىلدا ئۈچ يۈز ئاتمىش تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇنى باسۇرساق، ئۈچ يۈز ئاتمىش توخۇ بولىدۇ. ئاتمىش باش بۇغداينى تېرىسام، ئاتمىش تاغار بۇغداي چىقىدۇ دېگەن گەپ. سېنىڭ تېمىمنى قوپۇرۇپ بەرگىنىڭگە ئۆز يۇرتلۇ-قۇم، دەپ شۇنچىۋالا بايلىقنى سەرپ قىلدىم، ــ دەپتۇ.

موللا زەيدىن بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ لام ـ جىم دېمەي يولىغا راۋان بوپتۇ. باينىڭ ئۆيى زەي يەردە بولغاچ-لىقتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. باي تام قوپۇرۇشقا يەنە موللا زەيدىننى چاقىرىپتۇ. موللا زەيدىن كېلىپ ئاۋۋال تويغۇچە تاماق تەلەپ قىپتۇ. باي ئىلاجسىز تاماق كەلتۈرۈپتۇ. موللا زەيدىن تاماقنى يەپ قورسىقىنى

راسا تويدۇرۇۋېلىپ، تامنىڭ ئۇلىغا بىر قاتار كېسەكنى تىزىپ قويۇپ:

— ۋاي باي ئاكا، تېمىڭىز پۈتتى، — دەپتۇ. باي ھەيران بولۇپ:

— ھەي موللا تامچى، ئەمدى بىر قاتار كېسەك قويۇپلا تامنى پۈتتى دەيسەنغۇ؟ — دەپتىكەن، موللا زەيدىن بايغا:

— ئەقلىڭىز ئازدىڭىزمۇ؟ خۇدا خالىسا، مەن تىزغان ھەربىر كېسەك كۈندە بىردىن تۇغۇپ تام كۈندە بىر غېرىچتىن ئۆسۈۋەرسە، ئەللىك كۈنگە قالماي تېمىڭىز پۈتۈپ قالىدىغانلىقىغا نېمىشقا ئەقلىڭىز يەتمەيدۇ؟ — دەپ كېتىپ قاپتۇ.



## قورساق ۋە بۇرۇن

ئەپرىدۇن ۋاڭ قومۇلغا يېتىپ بېرىپ ئاقخان چىڭۋاڭ ئوردىسىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى ئىككى ۋاڭ مەسلىھەتلىشىپ ئىككى گەپچىنى گەپكە سالماقچى بوپتۇ. بۇلارنىڭ قىزىقچىلىقىنى ئاڭلاشقا كۆپ ئادەم يىغىلىپتۇ. ئاقخاننىڭ گەپچىسى ئىبىگىزرەك، بۇرنى ئۇزۇن، قاڭشارلىق ئادەم ئىكەن. موللا زەيدىن ئارا بوي، قورساقلىق ئىكەن. ئىككى گەپچى بىربىرىگە سىنچىلاپ قارىشىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

ھەممە ئادەم بولارنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇرغاندا ئاقخان چىڭۋاڭنىڭ گەپچىسى گەپ باشلاپتۇ:

— بىر ئاجايىپ قېرىن كۆردۈم، ھەممە قېرىندىن چوڭ قېرىن. قوش ـ ساپاندا ئاغدۇرۇپ ئول قېرىنغا چام-غۇر تېرىك.

موللا زەيدىن:

— مەن ئاجايىپ بۇرۇن كۆردۈم، ھەممە بۇرۇندىن چوڭ بۇرۇن. ئول بۇرۇننى دەسسەپ قارىسام، رۇم كۆرۈنگەي كەچقۇرۇن، — دەپتۇ.

ئاقخان چىڭۋاڭنىڭ گەپچىسى دەپتۇ:

— ھامىلىدار خوتۇن كەبى تەڭنىدەك قورساق سىلىپ يا يىيگەندۇ ئارپا نىنى، يا ئىچكەندۇ ئاشپۇرچاق سى-لىپ.



موللا زەيدىن دەپتۇ:

— يولدا ماڭسا يو-لۇچىلار داجىپ بەرگەن ئاندىن بۇرۇن، دەل ـ دەرەخلەر تاقا-شۇرلەر، يىقىن كەلمەستىن بۇرۇن.

ئاقخان چىڭۋاڭنىڭ گەپچىسى تاقابىل تۇرغۇدەك

گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالغاندا، موللا زەيدىن بىر-
يىتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئول بۇرۇن ئۆيگە كىرگەي ئىشىك ئاچماستىن بۇرۇن،
بۇرنى بىرىپ تۆرگە تاقالغاي ئۆزى كىرمەستىن بۇرۇن.
ئاش كەلتۇرسە ئالدىغا، يۆگىگەي ئول بىئەدەپ،
ئاش ئىچەدۇر ئالدىراپ ئۇ، قوشۇق ئالماستىن بۇرۇن.
سۇغا كىرسە بەلگىچە گەر غۇسلى پاك قىلماق ئۈچۈن،
بۇرنى پاتقاي لايغا ئۇ باشنى چۆكۈرمەستىن بۇرۇن.
بارسا ئوچاق ئالدىغا ئۇ ئالدىراپ ئوت ياققىلى،
بۇرنى بىرىپ كۆل ئالادۇر ئوتنى ياقماستىن بۇرۇن.
تارت بۇرنۇڭنى، ئەي بۇرادەر، گەپكە تويماستىن بۇرۇن،
بۇرنۇڭغا باب گۆرۇڭنى چاپ، تىرىك ئۆلمەستىن بۇرۇن.

موللا زەيدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالغان گەپچى قىزىرىپ، تاتىرىپ، بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ، بۇرنىنى توسۇپ، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ. تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ كۈلكىسى ئۇزاققىچە توختىماپتۇ.

## بۇ دۇئانى مەنلا قىلىۋېتەي

يولدا موللا زەيدىنگە بىر دېھقان ئۇچراپتۇ. موللا زەي-

دىن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغا-
نىكەن، دېھقان:

— خامان ئالغاندىم، خامىنىم بەرىكەتلىك بولسۇن، دەپ ئاشلىقىنىڭ بۇرنىنى ئاخۇنۇمغا دۇئا قىلدۇرۇشقا كې-
تىپ بارىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان موللا زەيدىن كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇرۇنلاردىكى ئاخۇنۇملارنىڭ دۇئاسى ئەرشىئەلاغا يېتىدىغان، ھازىرقى ئاخۇنۇملارنىڭ دۇئاسى پەشتاق بېشىد-
دىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. پەشتاق بېشىدىن ئېگىز چىقالمىغان بۇ دۇئانى مەنلا قىلىۋېتەي، — دەپتۇ.

## جازا

موللا زەيدىنىنىڭ ياپتا گەپلىرىدىن ئابرويى تۆكۈلگەن ۋاڭ موللا زەيدىننى قەھرىتان سوغۇقتا ئوردىنىڭ ئەڭ يۇ-
قىرىقى پەشتىقى ئۈستىدە يالىڭاچ تۇرغۇزۇپ جازالىماقچى بوپتۇ.

موللا زەيدىن تۇلۇقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېچىچە ئۇ-
نى راۋاق ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تەرلەپ كېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ۋاڭ ئۆزىنىڭ كاھىغا:

— ھېلىقى نائەھلى موللا زەيدىنگە سوغۇق ئۆتۈپ، ئەقلىگە كەلدىمۇ، يوق، قاراپ باق، — دەپ تاپشۇرۇپتۇ.

ۋاڭنىڭ كاھى راۋاقتىن يېنىپ چۈشۈپ:

— ۋاڭ بېگىم، موللا زەيدىن مۇزلاشنىڭ ئۇرنىغا قاتـ
تىق تەرلەپ تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن
ۋاڭ موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرتىپ بۇنىڭ سىرىنى
سوراپتۇ. موللا زەيدىن:

— تەقسىر، مەن راۋاقتا تۇرۇپ، جانابىي ئالىيلىرىدـ
نىڭ ماڭا بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنىڭ تەپتىدە تەرلەپ
كەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆزدىن مەغرۇرلانغان
ۋاڭ خۇشاللىنىپ:

— مەن سىزنىڭكىگە بىر بېرىپ مېھمان بولىمەن، —
دەپتۇ.



ۋاڭ موللا زەيدىننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. موللا زەيـ
دىن ۋاڭنى ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغۇـ
زۇپ، چۆگۈننى دەرەخنىڭ ئۇچىغا
ئېسىپتۇ ۋە ئۇـ
نىڭ ئاستىدىن ئوت قالىغىلى تۇرۇپـ
تۇ. ئاخىر بىـ
تاقەت بولغان ۋاڭ بۇ ئىشتىن

ئەجەبلىنىپ:

— ھەي ئەخمەق موللا زەيدىن، مۇنداقتا بۇ چۆگۈن قانداق قاينايدۇ؟ — دەپ زاڭلىق ئارىلاش كۇلۇپتۇ. موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ كۇلكىسىگە جاۋابەن:

— سىلىنىڭ مېھىر - شەپقەتلىرىنىڭ تەپتىدە مەن يۇز گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاقتا تەرلەپ كەتكىنىمگە ئىشىنىدىلىيۇ، بۇ چۆگۈن بىلەن ئوتنىڭ ئارىسى ئون گەز كەلمەيدۇ، ئەجەبا، بۇنىڭ قاينىشىغا ئىشەنمەمدىلا؟! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئالتە پۇت

موللا زەيدىن ئۇزۇن يول يۇرۇپ لۇكچۇنگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئېشىكى ھېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئېشىكنى يېتىلەپ كېتىپ بارسا، يولدا كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەخمەق ئىكەنسىز، ئېشەك دېگەن ھارامنى شۇنداق ئايىغان بارمۇ؟ — دەپتۇ. موللا زەيدىن كىشىلەرگە:

— تۆت پۇت بىلەن ماڭغاندىن كۆرە ئالتە پۇت بىلەن ماڭغان ئەتتىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئالاھىدە چاپان

موللا زەيدىن تىككۇچىلىك قىلىپ يۇرگىنىدە يېزىنىڭ بېگى بىر كىيىملىك ئېسىل رەختنى ئەكېلىپ:

— ئەتە تاڭ سەھەرگىچە بۇ رەختتىن يۇرتىمىزدا ھېچكىم كىيىپ باقمىغان ئالاھىدە چاپان تىكىپ بېردىسەن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

موللا زەيدىن رەختتىن دەرھال چاپان كېسىپ كېچىچە ئۇخلىماي تىكىپ تاڭ ئاتقۇچە پۈتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى، بەگ سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە كېلىپ چاپاننى ئېلىپ بامدات نامىزىغا مەسچىتكە مېڭىپتۇ. ناماز ئاخىرلىشىپ بەگ مەسچىتتىن كوچىغا چىقىپتىكەن، جامائەت پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. — ھەي ئەھلى جامائەت، نېمىگە كۈلىسىلەر؟ — سوراپتۇ بەگ كىشىلەردىن. جامائەتنىڭ ئىچىدىن بىر گەپدان ئادەم چىقىپ:



— بېگىم، يېڭى تونلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بىز بېگىمىزنىڭ ئالاھىدە چاپىنىغا قاراپ كۈلۈۋاتىمىز، — دەپتۇ بەگكە.

بەگ چاپىنىنىڭ ئالدى ۋە يانلىرىغا سەپسىلىپ قارىسا يانچۇق يوق ئىكەن. ئۇ چاپاننى

سىلىپ، دۈمبىسىگە تىكىلگەن ئەپچىل ئىككى يانچۇقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ ۋە:

— موللا زەيدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ دەرغەزەپ بىلەن.

— خوپ، بېگىم، — دەپ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ موللا زەيدىن. بەگ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— سەن كىمنىڭ ئەخمەق قىلىسەن؟! چاپىنىنىمۇ مۇشۇنداق تىككەن بارمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ. موللا زەيدىن تەمكىنلىك بىلەن:

— ئۆزلە رەختنى ئەكەلگەندە «يۇرتىمىزدا ھېچكىم كىيىپ باقمىغان ئالاھىدە چاپان تىكىنسەن» دەپ بۇيرۇتقاندىلە. پەقەت دۈمبىسىدە يانچۇقى بار چاپاننىلا يۇرتىمىزدا ھېچكىم كىيىپ باقمىغان، بۇيرۇتمىلىرى بويىچە تىكتىم، تەقسىر، — دەپتۇ.

## يەنە بىر ئۆلتۈرۈۋېتەر

موللا زەيدىننىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن:

— ئۆلگەندە ئىككى پەرىشتە كىرىپ سوراق قىلغاندا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، قاتتىق ئۇرىدۇ، دەيدۇ، قانداق قىلارمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. موللا زەيدىن:

— ئۇنىڭدىنمۇ قورقامسەن؟ يامان بولسا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈۋېتەر، — دەپتۇ.

## جىنى چىقىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن

موللا زەيدىن بىر سوپىغا بەرگەن قەرز پۇلىنىڭ مېھ-رىدىن كېچىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. موللا زەيدىن:

— ئالسامۇ ئالاتتىم، بىراق سوپى كىشىدىن پۇل چىققۇچە جىنى چىقىپ كېتەمدىكىن، دەپ قورقىمەن، — دەپتۇ.

## يانتاق ئەكېلىش

موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا ھارۋىكەشلىك قىلىپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ۋاڭنىڭ كاھىلىرىدىن بىرى موللا زەيدىننى يانتاق ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ:

— موللا زەيدىن، بۈگۈن كارىز تەرەپتىن ئوردىغا ئات ھارۋىسىدا بىر ھارۋا يانتاق بېسىپ چىق!

موللا زەيدىن ھارۋىنى قوشۇپ ماڭار چېغىدا، كۆڭلى قەرەل تاپمىغان كاھ يەنە:

— ئاچچىقان يانتىقنىڭ ئاز بولۇپ قالمىسۇن، ھارۋىغا يەرگە سۆرەلگۈدەك باس جۇمۇ! — دەپ تاپىلاپتۇ.

موللا زەيدىن ھارۋىنى ھەيدەپ ئوردىدىن چىقىپتۇ-دە، ئۆيىگە بېرىپ ئوبدان دەم ئاپتۇ. كەچقۇرۇن ئۆيىدىن

تۆت ساپ يانتاقنى ئۇزۇن ئارغامچىغا باغلاپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى هارۋىنىڭ كەينىگە چىتىپ، يانتاقنى سۆرەت-كەن پېتى، توپا توزۇتۇپ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغان كاھ ئالدىراپ - تېنەپ دەرۋازا تۈۋىگە چىقىپ، موللا زەيدىنىڭ دەرۋازىدىن قۇرۇق هارۋا ھەيدەپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىلە بولۇپ:

— ھەي موللا زەيدىن، هارۋىنى قۇرۇق ئەكەپسەن-غۇ؟ يانتىقىڭ قېنى؟ — دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپتۇ.

موللا زەيدىن قىلچە پەرۋا قىلماي:

— ئالدىرىمىسىلا، تەقسىر، بۇيرۇقلىرى بويىچە، يان-تاق هارۋىنىڭ كەينىدىن يەرگە سۆرىلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ۋە قامچىسى-نى تارسىلدىتىپ هارۋىنى بىرنەچچە قېتىم پىرقىرد-تىپتۇ. ئوردىغا دەرۋازىدىن تۆت ساپ يانتاق سۆرىلىپ كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن كاھ نېمە دېيىشىنى بىلمەي ساقاللىرىنى تۇ-تاملاپلا قاپتۇ.



# روزى قارلم لەتيپلرى

روزى قارىم 1861 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىسى توتەي رايونى بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى بوزچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىگەن.

روزى قارىم 1966 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## كانتۇ كاۋىسى

روزى قارىمنىڭ كاۋىلىرى تازا ئۇخشاپتۇ، بىراق پىدىشاي دېگەندە بىر ـ بىرلەپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ. قارىم «كىم ئوغرىلايدىكىن» دەپ ماراپ ئولتۇرسا، مەھەللىسىدىكى بىر خوتۇن كېلىپ ئۇياق ـ بۇياقنى كۆزىتىپتۇ ـ دە، بىر كاۋىنى ئۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا روزى قارىم «ئۇھۇ !» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قارىمنىڭ ماراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ھېلىقى ئايال ئوسال بولۇپ، گەپ ياساپ:

— قارىم، بۇ نىمە كاۋىتى؟ ئەجەبمۇ كۆپ مېۋىلەپتىغۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇنى مانتۇ كاۋىسى، دەپ تىرىسام كانتۇ[1] كاۋىسى چىقىپ قالدى ! — دەپتۇ روزى قارىم.

## قاپاق ئېسىپ قوياي دەپ...

روزى قارىم ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆجمىسىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغىنىدا، ئۇنىڭ «تىكە» دېگەن لەقىمىنى بىلىدىغان «قاپاق» لەقەملىك بىر كىشى كېلىپ چاقچاق قىلىپ:

---

① كانتو — ئوغرى.

— قارىم، بۇ دەرەخنىڭ پۇتاقلىرى كۆپ ئىكەن. تېكە مۈڭگۈزىدەك قالدۇرۇپ قويغۇچە كېسىۋەتسىڭىز بولـ ـمامدۇ؟ — دەپتۇ. شۇ چاغدا قارىم كۈلۈپ تۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە:

— بۇ چوماقلارنى سىزگە ئوخشاش ئۇسساپ كەتكەنلەر يولدىن ئۆتكەندە سۇ ئىچىدىغانغا قاپاق ئېسىپ قويايمىكىن دەپ كېسىۋەتمىگەن، — دەپتۇ.

## تېرەن يەردىن چىقالمايدۇ

ناھايىتىمۇ باي بىر قازى بولغانىكەن، كۈنلەرنىڭ بىر ـرىدە باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. مېيىت دەپنە قىلىنىپ، قەبرە بېشىدا ئولتۇرغان كىشىلەر دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مەرھۇم قازىغا مايىل ئىشان:

— قازى ئاخۇنۇم كاتتا ئادەم ئىدى، مۇنىڭدىن كېـ ـيىن مۇنداق ئادەملەر چىقمايدۇ ـدە، ئىسىت ! — دەپتۇ. شۇ چاغدا بىر چەتتە ئولتۇرغان روزى قارىم ئىشاننى مەسخىرە قىلىپ:

— قازى ئاخۇنۇم ئوبدان بولغاچ بەك تىرەنگە كىرىپ كەتتى، ئەلۋەتتە چىقالمايدۇ ـدە ! — دەپتۇ.

## «قىت ـ چۇھ !» دەمدىكىن دەپ...

قارىم قوشناچىم بىلەن ئېشەكلىك كېتىۋاتقىنىدا،

قوشناچىم مىنگەن ئېشەك ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ.

— ۋاي دادىسى، مونۇ ھارامنى ئۇرۇپ باقسۇنلا! — دەپتۇ قوشناچىم.

خوتۇنىنىڭ مىنگەن ئېشىكىنى باشقۇرماي ئۆزگە بۇيرۇق چۇشۇرگىنىگە خاپا بولغان قارىم ئېشەككە بىر قامچا، خوتۇنىنىڭ ساغرىسىغا بىر قامچا ساپتۇ. قوشناچىم:

— ئېشەكنى ئۇر دېسەم، مېنى نېمىشقا ئۇرىدىلا؟ — دەپ غودۇڭشىپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، ئېشەكنى ماڭامدىكىن، دەپ ئۇردۇم، سېنى «قىت - چۇھ!» دەمدىكىن، دەپ ئۇردۇم! — دەپتۇ قارىم.



## بۇ يول نەگە بارىدۇ

بىر يولۇچى تالنىڭ ئاستىدا سەگىدەپ ئولتۇرغان روزى قارىمدىن سوراپتۇ:

— قارىم، بۇ يول نەگە بارىدۇ؟

— شۇنچە ياشقا كەلگۈچە بۇ يولنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆرمىدىم، — دەپتۇ قارىم.

## مەتمەن يوق

روزى قارىمنىڭ قوشنىسىنىڭ بوغدايلىقىغا سۇ كىرىپ

قالغانىكەن، قارىمنىڭ قوشنىسى ئۆندەرگەن پېتى قارىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— روزى قارىم، كەتمەن ـ مەتمەن بارمۇ؟ — دەپ سورىسا، روزى قارىم جاۋابەن:

— كەتمەن بار، مەتمەن يوق! — دەپتۇ. قوشنىسى تېرىكىپ:

— ئۇنداق ئۇزۇن ـ كالتە گەپنى قىلمىسىڭىزا، — دېسە، روزى قارىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇزۇننى كېسىۋېتىپ، كالتىسىنى ئىشلەتمەمسىز! — دەپتۇ.

# ئۇستا رازى لەتىپىلىرى

ئۇستا رازى 1874 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۈچ ـ
ئۆستەڭ لەڭگەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ موزدوز بولۇپ،
كىشىلەر ئۇنىڭ قىزىق ۋە ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق گەپلەرگە
ئۇستىلىقى بىلەن ھۈنەر ـ كەسپىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۇس ـ
تا رازى» دەپ ئاتاشقان. ئۇستا رازىنىڭ قىزىق گەپ ـ
سۆزلىرى ۋە لەتىپىلىرى كۇچا تەۋەسىدە كەڭ تارقالغان.

ئۇستا رازى 1949 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## قورقۇتۇش

ئۇستا رازى ياش ۋاقتىدا ئۆيلىنىپتۇ. خوتۇنى تىرىك-كەك، ئۇزۇن تۇمشۇق، سوقۇشقاق ئايال ئىكەن، ئۇستا رازى بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ ئارام بەرمەيدىكەن. ئۇستا رازى ئۇنداق ئويلاپ - بۇنداق ئويلاپ، ئايالىنىڭ بۇ ئۇسال مىجەزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇنداق بىر چارىنى تېپىپتۇ.

بىر كۈنى ئايالىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېشەك ئۆتكىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇستا رازىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ ئېشەكنى سۆرەپ مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە:

« ھەي ئېشەك، بىر قېتىم بولدى جۇمۇ » دەپتۇ.

يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈش-كە توغرا كەپتۇ. ئېشەك يەنىلا كاجلىق قىلىپ سۇغا كىر-گىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇستا رازى ئېشەكنى سۇدىن يەنە مەج-بۇرىي ئۆتكۈزۈپ:

« ھەي ئېشەك، بۇ ئىش ئىككى بولدى جۇمۇ !» دەپ-تۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى، نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئادەم؟ دەپ چۆشەنمەي مېڭىۋېرىپتۇ.

مېڭىپ - مېڭىپ يەنە بىر ئۆستەڭگە كېلىپ قاپتۇ. ئېشەك سۇغا كىرگىلى ئۇنىماي يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇستا رازى دەرھال يېنىدىن پىچاقنى ئېلىپ:

« ھەي ئېشەك ! ئۈچ بولدى، ئەمدى بولدى ! » دەپلا ئېشەكنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى قاتتىق چۆچۈپتۇ. بازارغا ئىككىسى پىيادە بېرىپ كەپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئايالى يەنە ئۇرۇشقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇستا رازى:

— ھەي خوتۇن، بىر بولدى جۇمۇ ! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايالىنىڭ ئېسىگە ئېشەكنىڭ ئىشى كېلىپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئۇرۇش ـ تالاش قىلماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشماي خاتىرجەم ياشاپتۇ.

## قوينىڭ نامىزنى چۈشۈرمەيدۇ

ئۇستا رازىنىڭ مەھەللىسىگە دۇگان كېلىپ:

— قوينىڭ زاكىتىنى بېرىسىز، — دەپتىكەن، ئۇستا رازى:

— مېنىڭ قويۇم ئاز، زاكات كەلمەيدۇ، — دەپتۇ. دۇگان:

— سىزنىڭ ئۆتكەن يىلى قويىڭىز كۆپ ئىدى، بۇ يىل تېخىمۇ ئاۋۇدى، — دەپتۇ. ئۇستا رازى:

— قويۇم ئۆلۈپ ئازلاپ كەتتى، — دەپتىكەن، دۇگان:
— قويلىرىڭىزنىڭ ئۆلگىنىنى يۇرت بىلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇستا رازى:
— بىزنىڭ بۇ يۇرتتا قوي ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرمەيدۇ، شۇڭلاشقا قوينىڭ ئۆلگىنىنى يۇرت بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

## ئۆمۈرلۈك ئاياغ

ئۇستا رازى ئۆتۈك تىكىپ بازارغا ئەكىرىپتۇ، خېرىدارلارغا:
— بۇ ئۆتۈك بىر ئەر ئۆمرى چىدايدۇ، — دەپ ماختاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خېرىدارلاردىن بىرى:
— ئۇستام، بۇ ئۆتۈك بىر ئەر ئۆمرى يىرتىلمىسا، مۇبادا ئۆتۈكنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆتۈكنى كىم كىيىدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇستا رازى دەرهاللا:
— ئۆتۈكنى يەرلىكنى كولىغان كىشىگە بەرسىلە بولىدۇ، — دەپتۇ.

## قوشۇپ تىكىش

ئۇستا رازى كىيىم تىكىشنى بىلىدىكەن. بىر كىشى بىر كۆنى رەخت ئەكىلىپ:
— ماڭا بىر ئىشتان - چاپان تىكىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. ئۇستا رازى ئۇ كىشىنىڭ بويىنى ئۆلچەپ رەختنى

ئېلىپ قاپتۇ. رەختنى كېسىپ ئىشتان ـ چاپان ئىككـ-سىنى بىر قىلىپ تىكىپ قويۇپتۇ. كىيىم ئىگىسى كېلىپ:

— ئۇستام، كىيىم پۈتتىمۇ؟ — دەپتىكەن، ئۇستا رازى كىيىمنى ئېلىپ بېرىپتۇ. كىيىم ئىگىسى ئىشتان ـ چاپاننىڭ بىر قىلىپ تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— بۇ قانداق كىيىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى نېمىدېگەنىدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستا رازى.

— مەن بىر ئىشتان ـ چاپان دېگەن، — دەپتۇ كىيىم ئىگىسى.

— ھە، سىلى دېگەن ئىشتان ـ چاپان دېگەن مۇشۇ. ئەگەر سىلى چاپان، ئىشتان دېگەن بولسىلا، ئايرىم ـ ئايرىم تىكىپ بېرەتتىم. سىلى بىر ئىشتان ـ چاپان دېگەنلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق تىكتىم، — دەپتۇ ئۇستا رازى.

## بىگىم نېمە يەيدۇ

بىر يىلى ئەتىيازدا دېھقانلار قوناق تېرىشقا سۇ تاپالـ-ماي تۇرغاندا ئۇستا رازى شال تېرىپتۇ. مىراب:

— بۇ يىل سۇ يېتىشمەيۋاتسا، نېمە ئۈچۈن شال تېـ-رىيسىز؟ — دەپتىكەن، ئۇستا رازى:

— بېگىم پولۇغا ئامراق، شال تېرىمىسام، بېگىم كەلسە نېمە يەيدۇ؟ — دەپتۇ.

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

سەلەي چاققاننىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت سالى ئوغلى بولۇپ، ئادەتتە سەلەي دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ «ئەپچىد-لەم»، «گەپچىلەم»، «موللا»، «چاققان» دېگەنگە ئوخشاش لە-قەملىرى بولغان. ئۇ 1816 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى «چاققانلار مەھەللىسى»دە ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىدا دى-نىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. سەلەي چاققاننىڭ دادىسى ناخ-شىچى، قوشاقچى، شۇنداقلا ئۇستا راۋابچى ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ تۇرمۇش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ غېرىپ، مۇساپىرچىلىقتا ياشىغان. بۇ جەر-ياندا ئۇ داڭلىق غەزەلخانلار، چاقچاقچىلار، قىزىقچىلار، مەدداھلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلاردىن ئۆگەنگەن ۋە تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغا چۆكۈپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭ-قۇر چۈشەنگەن. كۆپ ئۆتمەي ئۇ هازىر جاۋابلىقى، سۆزگە چېچەنلىكى، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتى بىلەن ھەممە

يۇرتلارغا تونۇلغان.

سەلەي چاققان قىزىقچىلا ئەمەس، بەلكى پاراسەت ئىگىسى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان نەپرەت، ئەمگەكچى خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت يالقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

سەلەي چاققان 1905 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## هاكىمنىڭ ئەقلى

سەلەي چاققان شەھەر ھاكىمىنىڭ ھوزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن:

— يۇرت چوڭلىرى ھاكىمنى بەك ماختىشىدۇ، ئېيتىڭا، ئۇنىڭ مۇنچە ماختىغۇدەك ئەقلى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرمىدىڭىزمۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، — ئۇنىڭ ئەقلى كۆپ بولغاچقا، بېشىغا پاتماي قورسىقىغا چۈشۈۋاپتۇ.

## دىدارىڭىزنى كۆرۈۋالسۇن

سەلەي چاققاننىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئامبال:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما! — دەپ سەلەي چاققاننى ھوزۇرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ ئامبال ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. كىشىلەر

ئارىسىدا بىر ئادەم ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن ئامبال ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن؟ بۇ قانداق قىلىق؟

— بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭىنى قىلغۇچى بولما دېگەنلىرى ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ دىدارلىرىنى ئارقام بولسىمۇ كۆرۈۋالسۇن، دەپ بۇ يەردە تۇرغاندىم.

## قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كېلەي



بىر كۈنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇزاق كۈتۈپتۇ، تاماق كەلمەپتۇ. سەلەي چاققان كەتمەكچى بوپتۇ. ئاشپەز:

— سەلەي ئاخۇن، تاماق يېمەي قايتىپ كېتەمىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئاشخانىغا ئۇقماستىن كىرىپ قاپتىمەن، ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كەلسەم بولغۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## دۇئا

شەھەر ھاكىمى «سەلەي چاققاننىڭ دۇئاسىنى ئالغان

كىشى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، كاتتا دۆلەتكە ئېرىشىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى مەھكىمىگە چاقىرتىپتۇ. سەلەي چاققان مەھكىمىگە كىرىپلا قىبلىگە قاراپ: «خۇدايا پاكا پەرۋەردىگارا، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھەممىگە قادىرسەن، ھازىرلا ئەزرائىلنى ئەۋەتىپ ھاكىمنىڭ جېنىنى ئالغايسەن» دەپ دۇئا قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ جان - پىنى چىقىپ:

— بۇ قانداق دۇئا؟ سەن ماڭا نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم تىلەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەلەي چاققان ھودۇقماستىن تەزىم قىلىپ:

— ھاكىم جانابلىرى، بۇ ئالەم تار، ئۇ ئالەم كەڭرى. ئۆزلىرىنى بالدۇرراق ئۇ ئالەمگە بېرىپ، نىيەت - ئىقباللىرىغا يارىشا دۆلەت كۆرسۇن دېدىم، — دەپتۇ.

## كۆرپە كۆيۈپ كەتمىسۇن

سەلەي چاققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېھماندارچىلىققا بېرىپ بەگ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپتۇ. ئاچ كۆز بەگ قىزىق شويلىنى ئالدىراپ يەپ گېلىنى كۆيدۈرۈۋاپتۇ. نەپرەتلەنگەن سەلەي چاققان، بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تېپىرلاۋاتقاندا، ئالدىدىكى بىر چەينەك سوغۇق چاينى ئېلىپ بەگنىڭ ئاستىدىكى كۆرپىگە قۇيۇپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ كايىپتۇ بەگ.

— بىگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — قىزىق شويلا
يەپ گالىلىرى كۆيۈپ قالدى، ھېلى ئۇ ئارقىلىرىدىن چىـ-
قىپ كۆرپىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ چاي تۆكۈۋەتتىم.

## مەندىن قورقىدۇ

بىر كۈنى ئامبال سەلەي چاققاننى گەپكە سېلىپ ئىچ
پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆيگە چاقىرتىپتۇ.
سەلەي چاققان ئامبالنىڭ ھويلىسىغا ئەمدى قەدەم بېسىـ-
شىغا ھويلىدىكى بەگ يانپاشلاپ ياتقان كارۋات ئاستىدىكى
ئىت ئېتىلىپ چىقىپ قاۋىغان پېتى سەلەي چاققاننىڭ پۇ-
تىغا ئېسىلىپتۇ. سەلەي چاققان ئەپچىللىك بىلەن ئىتنىڭ
تۇمشۇقىغا بىرنى تېپىپتۇ. ئىت دومىلىغان پېتى ئورنىغا
كىرىپ «غىڭ» قىلماي يېتىپتۇ.

— ھە، سەلەي، سەلەي، دەپ قويساق نېمانچە يوغىناپ
كەتتىڭ؟ — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ، — يۈز - خاتىر
يوقمۇ، سەن زادى ھېچكىمدىن قورقامسەن؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

كارۋاتتا ياتقان ئامبال ئۇنىڭ جاۋابىغا قىزىقىپ،
ياستۇقتىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا كىمدىن قورقىسەن؟

— پاششاپتىن.

— پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟

— بەگدىن.

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئامبالدىن.

ئامبال گەپنىڭ ئاخىرى نەگە باراركىن، دەپ سوراۋېرىپتۇ:

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

— ۋاڭدىن.

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

— خاندىن.

ئامبال قىزىپ سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— خان كىمدىن قورقىدۇ؟

— تەتىيدىن.

— تەتەي كىمدىن قورقىدۇ؟

— بوراندىن.

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئەسكى تامدىن.

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟



— مۇشۇكتىن.

— مۇشۇك نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئىتتىن.

— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ:

— ئىت مەندىن قورقىدۇ، — دەپ كارىۋات ئاستىنى كۆرسىتىپتۇ.

## ئۇركۈيمەن

ئامبالنىڭ يايىسى ئۆي كۆچمەكچى بولۇپ سەيسىگە ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن كوچىغا چىققانىكەن، سەلەي چاققان ئۇچراپ قاپتۇ.

— مەن بوگۈن ئۆي كۆچمەكچى، ياردەم بېرەرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يايى.

— بولىدۇ، ئەمما مەن ئۇركۈيمەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

بۇ گەپكە ئىشەنمىگەن يايى «ئادەم دېگەنمۇ ئۇركۈمدۇ؟» دەپ قازاننى سەلەي چاققاننىڭ ئۈستىگە مەجبۇرىي ئارتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، چەتتىكى هويلىدىن بىر ئىت قاۋاپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان قازاننى تاشلاپ بەدەر قېچىپتۇ. قازان پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ. يايى سەلەي چاققاننى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ،

ئامبالنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كىرىپتۇ. ئامبال يايىسىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەن بۇنى گەپكە سېلىپ تۇراي، سەن كەينىدە تۇرۇپ پەتنۇسنى يەرگە تاشلاپ باق، راست ئۈركۈمدۇ، يوق، سىناپ باقايلى، — دەپ پىچىرلاپتۇ. يايى سەلەي چاققاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پەتنۇسنى قولىغا ئاپتۇ.

— هەي سەلەي، بۇنىڭ قازىنىنى نېمىشقا چېقىۋەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— مېنىڭ ئۈركۈيدىغان ئادىتىم بار ئىدى، — دېيىشىگە، يايى قولىدىكى پەتنۇسنى داراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپتۇ. سەلەي چاققان ئۈركۈگەن بولۇپ سەكرەپ ئامبالنىڭ ئالدىدىكى سوراق جوزىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ، ئۇ يەردىن ئېتىلىپ چۈشۈپ ئامبالنىڭ پۇتلىرىنى دەسسەپتۇ، ئاندىن ئۆينى بىر ئايلىنىپتۇ-دە، ئىشىكنى ئېچىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ئامبال:

— مۇشۇنداق ئۈركۈيدىغان ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كىردىڭمۇ؟ — دەپ يايىنى راسا دۇمبالاپتۇ.

## چاشقان ئېلىپ قاچتى

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، باي پىلىكتە بۇرۇتىنى مايلاپ، دائىم نامازغا يىغىلغان جامائەت ئالدىدا:

— بۇگۈن بىزنىڭ خوتۇن ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپتىكەن، بىر لېگەن ئاشنى قويماي يەۋەتتىم، — دەپ ماختىنىدىكەن.

بىر كۈنى باي ئادىتى بويىچە مايلانغان بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ماختىنىۋاتقاندا، باينىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار بولغان سەلەي چاققان قولىدىكى قورۇق لېگەننى تاراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپ:

— ئەستاغپۇرۇللا يامان بولدى ... — دېگىنىچە هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن باي:

— هەي سەلەي، نېمە بولدى ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاققان كىشىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— باي ئاكا، بۇرۇتلىرىنى مايلىغان پىلىكنى چاشقان ئېلىپ قاچتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## چىشىنى بىلەۋاتىدۇ

يۈزبېشى باشلىق جامائەت ناماز بامداتتىن كېيىن قوشنا مەھەللىگە تويغا ئاتلىنىپتۇ. سەپنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىپ بارغان يۈزبېشىنىڭ ئاستىدىكى ئېگەر «غىچ، غىچ» قىلىپ غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىتلەردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يۈزبېشىنىڭ ئارقىسىدا بىر نەرسە سايرايدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— يۈزبېشى نەپسى تاقىلداپ، تويدا تارتىلىدىغان گۆشلۈك پولۇنى كۆپرەك يېيىش ئۈچۈن چىشىنى بىلەۋاتىدۇ، — دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

سەلەي چاققانىنىڭ پىخسىق ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئالدىغا قوينىڭ كاللىسى بىلەن پاچىقىنى ئەكەپتۇ.

— ئوچاقنىڭ ئوتى پەسلەپ قاپتىكەن، شورپىسى سوۋۇپ قاپتۇ، قىنى، گۆشكە ئېغىز تېگىڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى تەكەللۇپ بىلەن.

سەلەي چاققان بىر تال پاچاقنى قولىغا ئېلىپ قاردىسا، تېخى ئىسسىقمۇ ئۆتمىگەنىكەن. ئۇ بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ، ئاغىنىسىنىڭ تەكەللۇپلىرىغا قارىماي، قولىنى سۇرتۇۋېتىپ ئاچ قورساق ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ سەلەي چاققان ھېلىقى ئاغىنىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئىللمان سۇ كەلتۈرۈپتۇ. ئاغىنىسى چىنىدىكى سۇدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ قانداق تاماق؟ — دەپ سوراپتۇ تەلەتىنى تۈرۈپ.

— بۇ، كاللا - پاچاقنىڭ شورپىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — ئۆتكەن قېتىم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە كاللا - پاچاق يېگەن بولساقمۇ، شورپىسىنى ئىچمىگەندۇق. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدىمۇ كاللا - پاچاق پىشۇرغانىكەن، ئۇنى بالىلار يەپ شورپىسىلا قاپتۇ. شۇنىڭغا بولسىمۇ ئىچىز تېگەيلى، دەپ سىزنى تەكلىپ قىلغانىدىم.

## كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قورسىقى ئاغرىپ قالغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەتىگەن نېمە يېگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان ئۇنىڭدىن.

— قوشنىمىز قوغۇن ۋاشاڭ قىلغانىكەن، توڭ سويما يېگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېسەل كىشى.

سەلەي چاققان ئۇنىڭ كۆزىگە بىر خىل مايلىق دورىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ.

— كۆزۈم ئەمەس، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ.

— قورسىقىڭىزنى ساقايتىش ئۈچۈن كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — چۈنكى كۆزىڭىز روشەنلەشسە، زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېمەيدىغان بولىسىز.

## قېتىق بارمۇ

سەلەي چاققان بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە چىقىپ شاخ كېسىۋاتسا، بىر بېخىل باي تاۋاق كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي سەلەي ئاخۇن، بارمۇ سىلى، كۆرۈنمەي كەتتىلىغۇ؟ — دەپ ئەھۋال سوراپ كېتىپتۇ. سەلەي چاققان ئۇنىڭ لولىلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ. باي:

— سەلەي ئاخۇن، يەرگە چۈشسىلە، زۆرۈر بىر ئىش چىقىپ قالدى، چاپسانراق بولسىلا، — دەپ ئالدىرىتىشقا باشلاپتۇ ۋە سەلەي چاققان يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، — ئۆيلىرىدە قېتىق بارمىدۇ؟ — دەپ قاچىسىنى تەڭلەپتۇ. سەلەي چاققان گەپ قىلماي ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. باي خېلى ئۇزۇن ساقلاپ ئاخىر قايتىپ مېڭىپتۇ. سەلەي چاققان ئۆيدىن چىقىپ قارىسا، باي دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كېتىپ بارغۇدەك. سەلەي چاققان قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ۋاي تەقسىر، قايتىپ كەلسىلە، تېز بولسىلا، — دەپ توۋلاپتۇ.

باي ئارقىسىغا قاراپ بارايمۇ، بارمايمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان يەنە توۋلاپتۇ. باي ئاخىر شۇنچە ساقلاپ تۇرۇپ قۇرۇق قايتىپ

كېتەمدىمەن، نېمە بولسا شۇ بولسۇن، بىرىپ باقاي، دەپ يېنىپ كەپتۇ. باي ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، سەلەي چاققان:

— ئۆيدە قېتىق يوق ئىدى، ئىيتىپ قوياي دەپ چاقىرغانىدىم، — دەپتۇ. باي تېرىكىپ:

— بۇ قانداق گەپ؟ ئادەمنى ساقلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا چاقىرىپ قېتىق يوقكەن دېگۈچە، باشتىلا شۇنداق دېسىلە بولماسمىدى؟ — دەپ رەنجىپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، تەقسىر، مېنىمۇ دەرەختىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ ئۆيۈمدە قېتىق بار - يوقلۇقىنى سورىسىلا بولماسمىدى ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆزلىرىنى دوراۋاتىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئېشەكنى هەيدەپ كېلىۋاتسا، هاكىمنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتىن مەست قايتقان يۇرت بېگى ئۇچراپ قاپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، ئېشىكىڭلار ماڭالماي دەلدەڭشىپ قاپتىغۇ؟ — دەپتۇ بەگ هىجىيىپ.

سەلەي چاققان دەررۇ:

— ئۆزلىرىنى دوراۋاتقان ئوخشايدۇ، بېگىم، — دەپتۇ.

## قىل

سەلەي چاققانىنىڭ گەيجاڭ (مەھەللە باشلىقى) ئاغىنىسى دائىم كىچىك ئىشلارنى يوغىنىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى شەنگەن يامۇلغا چىقىپ تۇرىدىكەن. سەلەي چاققان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ نەپرەتلىنىدىكەن. بىر كۈنى گەيجاڭ ئاغىنىسى سەلەي چاققانىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، غاز گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ. سەلەي چاققان تەخسىدىكى بىر تال قىلنى كۆرۈپ، گۆشنى يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.

— نېمىشقا يېمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ.

— بۇرادەر، ماۋۇ نېمە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاققان تەخسىنى كۆرسىتىپ. ئاغىنىسى كۆزەينەكنى تاقاپ، تەخسىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— قىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يا ھەزرەت، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك كۈلۈپ، — سىز دائىم قىلنى پىل دەيتتىڭىز، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىڭىز.

## قوغۇن - پوغۇن

سەلەي چاققان تازا ئىشلەپ قوغۇن تېرىغانىكەن، بەك-مۇ ئوخشاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاچ كۆز بەگ دورغا - ياي-

لىرنى باشلاپ كەپتۇ.

— قوغۇن - پوغۇن يەيلى دەپ كەلدۇق، — دەپتۇ بەگ. سەلەي چاققان ئۇلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن ھەر خىل قوغۇندىن بىرنەچچىنى ئۈزۈپ، ئارقا - ئارقىدىن پىچىپتۇ. بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى قوغۇننى چالا - بۇلا يەپلا تاشلىۋېتىپ، قوغۇنلۇققا قاراۋېرىپتۇ. سەلەي چاققان شۇ زامان قوغۇنلۇققا كىرىپ بىرنەچچە كاۋا ئۈزۈپ چىقىپتۇ - دە، پىچىشقا باشلاپتۇ. بەگ:

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ تېرىكىپتۇ.

— ھېلى ئۆزلىرى «قوغۇن - پوغۇن يەيلى، دەپ كەلدۇق» دېگەنىدىلە، قوغۇننىمۇ يېيىشتىلە، ئەمدى پوغۇن پىچىۋاتىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## قازنىم تۇغۇپ قالدى

بىر جازانىخور سەلەي چاققاندىن قازان سوراپ كىرىپتۇ.

— سىزدىن قازان ئايلانسۇن، قوشنا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىراق، تۈنۈگۈن ئاخشام قازىنىم تۇغۇپ قالدى، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ.

— قورۇق باھانىگىزنى قويۇڭ، — دەپتۇ جازانىخور تېرىكىپ، — قازان دېگەنمۇ تۇغامدۇ؟

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، —

سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قېتىم تۇغسا ھېچ گەپ يوق، مېنىڭ قازىنىم ئەل ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا نېمە بوپتۇ !؟

## گۆر كولاش

زوردۇن ھاكىم ئىش تاپشۇرماق بولۇپ سەلەيدىن سوراپتۇ:

— خانىغا قانداق خىزمەت كۆرسىتىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟

— گۆر كولاش، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئىتنى دۇمبالاش

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېشىكىنى مىنىپ تويغا كېتىۋاتسا، يۇزبېشىنىڭ ھويلىسىدىن تۇيۇقسىز بىر قارا ئىت چىقىپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. غەزىپى ئۆرلىگەن سەلەي چاققان ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ قولىدىكى تايىقى بىلەن ئۇنى راسا ئۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ قاتتىق غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان يۇزبېشى ئۆيىدىن شاپاشلاپ چىقىپتۇ-دە، سەلەي چاققانغا كايىپ:

— يۇز-خاتىر يوقمۇ، بۇنى شۇنچىۋالا ئۇرامسەن؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان

كۆلۈپ تۇرۇپ، — بۇنىڭ بىلىگە تەگكەن تاياقنىڭ سىلد-
نىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.

## ئىشەك بار يەردە بىدە بولمىسا بولامدۇ

هاكىم بىر يىلى قۇربان ھېيتتا يۇرت چوڭلىرىنى
چاقىرىپ مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ يۇرت چوڭلىرى قا-
تارىدا سەلەي چاققاننىمۇ چاقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ مەق-
سىتى جامائەت ئالدىدا سەلەي چاققاننىڭ بىر ئەدىپىنى
بېرىۋېلىش ئىكەن.

مېھمانلار ئىلگىرى - كېيىن جەم بوپتۇ. سەلەي چاق-
قان كىچىككىپرەك
كەپتۇ.



— ئەسسالامۇ-
ئەلەيكۇم ئەھلى-
جامائەت، — دەپتۇ
سەلەي چاققان ئول-
تۇرغان مېھمانلارغا
ئېھتىرام بىلەن تە-
زىم قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم
ئەسسالام، قېنى، بۇ
ياققا ئۆتۈڭ! —

دەپ ئورۇن كۆرستىپتۇ جامائەت. سەلەي چاققان جامائەت كۆرسەتكەن يەردىن ئورۇن ئاپتۇ.

ھاكىم سەلەي چاققاننىڭ ئۆزىدىن ئەھۋال سورىمىغاندىلىقىنى ۋە ئايرىم تەرىم قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ راسا ئاچچىقى كەپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— ھە، سەلەي، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نىمانچە كېچىكىپ قالدىڭ؟

— ھەزرەت ئالىيلىرى، بىر ئىش بىلەن بولۇپ قېلىپ، شۇنچە ئالدىرىسامْمۇ ئازراق كېچىكىپ قالدىم.

— ساقىلىڭ بىر باغ بېدىدەك تۇرۇپتۇ. ساقىلىڭنىڭ ئېغىرلىقى كاشىلا بولدىمۇ، يا؟

— راست ئېيتتىلا، ھەزرىتىم، ئېشەك بار يەردە بېدە بولمىسا بولامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان كەسكىن قىلىپ.

ھاكىم ئاچچىقىدىن تاتىرىپ كېتىپ، ئولتۇرالماي چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش

سەلەي چاققان بىر كۈنى دۇكانغا كىرىپ بەش جىڭ شېكەر ئاپتۇ. دۇكانچى شېكەرنى كەم تارتىپ قەغەزگە ئوراپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان سەلەي چاققان:

— بەرگەن شېكىرىڭىز بەش جىڭ كەلمەيدىغۇ؟ بۇ

نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەڭگىلىرەك بولسا، ئاسان ئەكېتىسىز، مەن سىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇكانچى.

سەلەي چاققان شىكەرنىڭ پۇلىنى پوكەي ئۇستىگە قويۇپلا مېڭىپتۇ. ئۇ تېخى بوسۇغىغا بارمايلا دۇكانچى تۇۋلاپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، بەرگەن پۇلىڭىز كەمغۇ؟

— مەنمۇ سىزنىڭ سانىشىڭىزغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پۇلنى ئازراق بەردىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئويلاپ بولمىدىم

سەلەي چاققان بىلەن قوشنىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆي دەۋاسى تۇغۇلۇپ، سەلەي چاققان شەرىئەتكە ئەرز سۇنۇپتۇ. قازى ئاخۇنۇم ئەرزنىڭ باش ـ ئايىغىنى كۆرۈپلا:

— سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بىز قازىكالانلار جەم بولۇپ، بۇ ئىشنى ئويلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان گەپ قىلماستىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى بارسا، «تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، تېخى بىرنەرسە دېيىشمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ خىل جاۋاب بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن سەلەي چاققان بۇ ئىشنى

سۆيلىمەي تاشلىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاققاننىڭ دوستى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان باشقا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھېلىقى قازى ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشمەپتۇ. قازى ئاخۇنۇم ئوڭايسىزلىنىپ:

— ھە، سەلەي ئاخۇن، نېمە ئۈچۈن ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ، مەن بىلەن كۆرۈشمەيسىز، رەنجىپ قالدىڭىزمۇ-يا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوقسۇ، تەقسىر، نېمىدىن رەنجىيتتىم، پەقەت ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تېخى ئۆيلاپ بولالمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئېشەك ئېشەكنى كۆرسە ھاڭرايدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان تۇغقان يوقلاشقا كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا يۇرتنىڭ بېگى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بەگ سەلەي چاققاندىن سالام تەمە قىلىپ قاراپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئېشىكى بەگكە قاراپ ھاڭراپتۇ. بەگنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ:

— ھەي سەلەي، ئېشىكىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا قاراپ ھاڭرايدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان بەگكە قاراپ، — بۇنىڭغا ھەيران قالمىسىلا، ئېشەك ئېشەكنى كۆرسە ھاڭرايدۇ.

# قۇش باققۇچى

بىر كۈنى سەلەي چاققان كوچىدا باي ھەيدەپ چىقارغان بىر دەردمەن قۇش باققۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئىچىنىپتۇ. شۇ ئارىدا بايىنىڭ بازارغا قۇش باققۇچى ئىزدەپ چىققانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. سەلەي چاققان بايىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ھە، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— مەن بىر يېتىم، قۇش باققۇچى، — سەلەي چاققان جاۋاب بېرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

باي مۇنداق مۇلايىم، ياۋاش قۇش باققۇچىنىڭ ئۇچراپ قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ئەتىسى باي ئېتىغا مىنىۋېتىپ:

— سەلەي، مەن تويغا كەتتىم، قۇشقا ئوبدان قارا، ئاچ قالمىسۇن، — دەپ جېكىلەپتۇ. سەلەي چاققان بايىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. باي تويدىن قايتىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا قۇشنى يوقلاپ مەمنۇن بوپتۇ.

باي بىر ھەپتىدىن كېيىن سەلەي چاققان بىلەن ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ:

— ئاتقا مىن، خۇرجۇن سال، قۇشنى كۆتۈر، مەن ئالدىڭدا ماڭىمەن، ئوۋ ئۇچرىسا توۋلايمەن، توۋلىشىم بىلەنلا قۇشنى سالىسەن، — دەپتۇ.

ئۇلار جاڭگالغا بارغاندىن كېيىن، باي بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ «سال» دەپ تووۋلاپتۇ. سەلەي چاققان قۇشنى پۈكلەپ خۇرجۇنغا ساپتۇ. باي قۇش كۆرۈنمىگەندىن كېيىن يەنە «سال» دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، قۇشنى سېلىپ بولدۇم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— نەگە سالدىڭ؟

— خۇرجۇنغا.

— خۇرجۇنغا؟!... ھاماقەت، — دەپتۇ باي جىله بولۇپ ۋە پايپاسلاپ كېلىپ قارىسا قۇش ئاللىقاچان ئۆلۈپ قاپتۇ. سەلەي چاققان يولغا راۋان بوپتۇ.

## دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ

بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن ھېيتگاھ جامەسىدە بىر بۆلۈك تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپتۇ. مۇدەررىس ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇغان ھەم يېشى چوڭراقلىرىنى ئادەتتىكى ئەمەلگە، ياخشى ئوقۇمىغان ھەم يېشى كىچىكرەكلىرىنى مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇپتۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلىغانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، غۇلغۇلا قوزغاپتۇ.

— مۇدەررىس نېمە ئۈچۈن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىچىك تالىپلارنى شۇنچە چوڭ مەنسەپكە قويىدىغاندۇ؟ — دېيىشىپتۇ جامائەت.

— بۇرادەرلەر، ھەيران قالماڭلار، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئوتتۇرىغا چىقىپ، — بۇ تالىپلارنىڭ ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ - دە!

## بىر تال سامان

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر بايغا يىللىققا تۇ-رۇپتۇ. يىل ئاخىرلاشقۇچە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر قۇسۇر چىقىرىپ، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشنىڭ ئېپىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرگەن باي بىر كۈنى سەلەي چاققانغا:

— مەن بىر تاغار سامانىنى ئۆگزىدىن يەرگە تۆكتۈ-مەن، سەن بىر تالنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سەلەي چاققان تاكى سامان تۆكۈلۈپ بولغۇچە بەخىرا-مان قاراپ تۇرۇپتۇ - دە، ئاخىردا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان بىر تال سامانىنى تۇتۇۋېلىپتۇ:

— باي ئاكا، مانا بىر تال سامانىنى تۇتۇۋالدىم، — دەپتۇ.

## ئۈستەڭدىن قانداق ئۆتكەنسەن

سەلەي چاققان بىر كۈنى بەگنىڭ ئۆيىگە كىلىپ چاي-غا داخىل بولۇپ قاپتۇ. ساھىبخانا داستىخان سېلىپ باش-

قىلارنىڭ ئالدىغا توقاچ، سەلەي چاقچاقنىڭ ئالدىغا بولسا زاغرا قويۇپتۇ. سەلەي چاقچاق زاغرىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھەي زاغرا، مەن يولغا چىققاندا، سەن ئۆيدە قالغانىدىڭ. مەنغۇ ئۆستەڭدىن ئېشەك بىلەن ئۆتتۇم، سەن قانداق ئۆتكەنسەن؟ بەگنىڭ ئىلتىپاتىدا بىر - بىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىكەنمىز - دە، — دەپتۇ.

## مەنمۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم

مەھەللىدىكى بىكار تەلەپلەردىن بىرنەچچىسى «راۋاب ئاڭلايمىز» دېگەن باھانە بىلەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئۆيىگە تولا كېلىۋېلىپ، ئۇنى بەكمۇ زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى يەنە كەلگەنىكەن، سەلەي چاقچاق:

— باللارنىڭ ئانىسى بۈگۈن ھاممىسىنى يوقلاشقا كەتكەنىدى، سىلەرنى مېھمان قىلالمايدىغان بولدۇم، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

— خوتۇنىڭىزنى قەستەن قاچۇرۇۋېتىپسىز - دە، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى بىزەڭلىك بىلەن.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — مېھمان دېگەن مېھماندەك بولغىنى ياخشى، ئەگەر سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولسام، مەنمۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم.

## تەرلىنىش

سەلەي چاققانىنىڭ ھەم باي، ھەم بېخىل بىر قوشنىـ-
سى بولۇپ، مال ـ دۇنيا يىغىمەن، دەپ تويغۇدەك تاماقمۇ
يېمەي كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، تېۋىپقا
كۆرۈنگەندىن كېيىن سەلەي چاققانغا ھال ئېيتىپ:

— تېۋىپقا كۆرۈنسەم، بىرەر مال سويۇپ، تېرىسىدە
تەرلىنىڭ دەۋاتىدۇ. قاراپ تۇرۇپ بىر مالنىڭ جېنىغا
زامىن بولغۇم كەلمىدى، سىز نېمە قانداق قىلسام بولار؟ —
دەپتۇ.

— تېۋىپنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ بولسا، ئاسان ئىش ئىـ-
كەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەسخىرە قىلىپ، — بىزـ-
نىڭ ئۆيدە ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا سويغان بىر قويـ-
نىڭ تېرىسى بار، شۇنىڭدا تەرلىنىۋالسىلا.

## ئىشتىن يانغۇچە كېتىپ قالاي

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر بايغا كۈنلۈكچى
ھېسابىدا ئىشلەپ يۈرگەنىكەن، بىر كۈنى باي ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن كەچتە ئۆيىمىزدە مېھمان بار. يۈگۈر ـ
يېتىمغا قارىشىپ بېرەرسەن، ئىشتىن يېنىپ ئۆيۈڭگە
كېتىپ قالمىغىن ـ ھە ! — دەپتۇ.

— بولىدۇ، باي ئاكا ! — دەپتۇ سەلەي چاققان، —

ئۇنداق بولسا، ئىشتىن يانغۇچە بولغان ئارىلىقتا كېتىپ قالاي.

## ھەم كۆرمەس، ھەم كۆرەلمەس

ئوردا قارىسى ئۆلۈپ قالغاندا موللا سەلەي ۋاقىتلىق قازى بوپتۇ ۋە خان بىر ياقلارغا كەتكەندە ئوردا ئەمەلدار- لىرىنىڭ جاڭجاللىرىنىمۇ سورايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى بىر ۋەزىر يەنە بىر ۋەزىرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ:

— ئۇ مېنى «ھەق - ناھەقنى ئايرىمايلا مەسلىھەت بېرىدىغان قارىغۇ» دەپ ئارقامدىن تۆھمەت قىپتۇ. شۇنى ئايرىپ، ھۆكمى شەرئى قىلىپ بەرسىلە، تەقسىر.

— شۇنچە يىللار مەنسەپدار بولۇپ، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئۆزۈڭلارنىڭ سىرىنى ئۆزۈڭلار بىلمەيسىلەر. مەنسەپدارلار يالغۇز كۆرمەسلا ئەمەس، كۆرەلمەسمۇ بولىدۇ. دېمەك، مېنىڭ ھۆكمۈم شۇكى، جانابلىرىمۇ ھەم كۆرمەس، ھەم كۆرەلمەس.

— بۇنىڭدىن ياخشىراق ھۆكۈملىرى يوقمۇ، تەقسىر؟ — دەپتۇ دەۋاگەر ۋەزىر.

— خان قارىلىققا ئارىلاشمايدىغان بولسا، شۇنداق ھۆ- كۈم چىقىراتتىمكى، ئۇ چاغدا سىلى ئوردىدا كۆرەلمەس ئادەملا ئەمەس، كۆرۈنمەس ئادەم بولۇپ كېتەتتىلا، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق

## ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا

بىر كۈنى سەلەي چاققان زوردۇن بەگدىن سوراپتۇ:

— بېگىم، سىلى بېدە كۆكىنى نېمانچە كۆپ يەيدىلا؟

— ئاتتەك بولۇش ئۈچۈن، — دەپتۇ بەگ گەپتە يەڭ-ـمەك ئۈچۈن.

— توغرا ئويلاپسىلا، قاچانغىچە ئېشەكتەك يۈرىدىلا، بۇ يىل بېدە كۆك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاتقا ئايلىنىۋال-ـسىلا! — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## هارامنىڭ جايى دوزاختا

بىر كۈنى زوردۇن بەگ ئوردا خادىمى موللا سەلەينى هۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئارغىمىقىم ئاخشام ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مال ئىگىسىنى دوراپ هارام بولغىنى، — دەپتۇ سەلەي چاققان ۋە «قالۇ ئىننالىللا... ياتقان جايى دوزاخ بولسۇن» دەپ دۇئا قىپتۇ. گاڭگىراپ قالغان بەگ:

— نېمە ئۈچۈن جەننەتتىن چىققان ئاتقا دوزاخنى تى-ـلەيسەن؟ — دەپ كۆزىنى ئالايتىپتۇ. سەلەي چاققان كۈلۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاتنىڭ جەننەتتىن چىققىنى تېخىچە نامەلۇم،

لېكىن، ئارغىماقلىرىنىڭ ھارام بولۇپ قالغىنى راستتۇر؟ ھە، ئەمدى ھارامنىڭ جايى دوزاختا بولۇش — بۇ ئۆزلىدىرىگىمۇ مەلۇم.

## توغرا يېزىپتىمەن

سەلەي چاققان ئۇستا خەتتات بولغانلىقتىن، يۇرت قازىسى ئۇنىڭغا:

— سىز ھۆسنخەتنى ياخشى يازىسىز، مۇنۇ تاختىغا «شەرئىيەت مەھكىمىسى» دەپ يېزىپ بېرىڭ، كۆرگەن كىشى ھەيران قالسۇن، — دەپتۇ.



سەلەي چاققان قولىغا قەلەم ئېلىپ «چوماقچىلار مەھ-كىمىسى» دەپ يېزىپتۇ. قازى غەزەپلىنىپ سەلەي چاققاننى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاققان قەددىنى رۇسلاپ، قازىغا ھومىيىپ:

— ھەقىقەتەن توغرا يېزىپتىمەن، بۇ جاي ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوماقچىلار مەھكىمىسى ئىكەن، — دەپتۇ.

## مەشىق قىلىۋاتىدۇ

بىر كۈنى خان ئۆزىنىڭ بامدات نامىزىغا چىقالمىغان-لىقىنى ئوردا مەزىنىنىڭ ئاۋازىنىڭ پەسلىكىدىن كۆرۈپ تەنە بىلەن:

— ئوردىغا ئاۋازى كۈچلۈكرەك بىر ئېشەك تېپىش-ساڭ بولمامدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. كۆپ ئۆتمەي خان ئوردا ئەتراپىدىن چىققان ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن ئۇخلى-يالماپتۇ.

ئېشەك ئىگىسىنىڭ سەلەي ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان خان سەلەينى ھوزۇرىغا چاقىرىپ:

— ئېشىكىڭ نېمانچىلا ھاڭرايدۇ؟ — دەپ كايىپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— جانابلىرىنىڭ ئاۋۇ كۈنى «ئوردا مەزىنلىكىگە ئاۋا-زى كۈچلۈكرەك بىر ئېشەك تېپىشساڭ بولمامدۇ!» دىگەن پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئېشىكىم «خاننىڭ ئەمرى

ۋاجىپ» دەپ، مەزىن بولۇش ئۈچۈن ئاۋاز مەشىقى قىلىۋا-
تىدۇ، — دەپتۇ.

## كېرەك يوق

سەلەي چاققان خان ھوزۇرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، دوست - ئاغىنىلىرى كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تالىپ بار ئىكەن. ئۇ خان ئوردىسىدىن ئۆزىگە بىرەر خىزمەت تېگىشىنى تەمە قىلىپ سەلەي چاققاننى كۈندە يوقلاپ، ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان سەلەي چاققاننى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىر كۈنى پىيادە كېلىۋاتقان سەلەي چاققان ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى تالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تالىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئاران ئىلىك ئاپتۇ - دە:

— ئەپۇ قىلىڭ، ئالدىراپ قېلىپ ئېشەكتىن چۈشەلمىدىم، — دەپتۇ.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن يەنە ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا، چۈشمەي قويمايسىز!

## سىلىدەك ئەتتىن قورقمايمەن

سۇلتان باي سەلەي چاققان بىلەن كۆپ ئېيتىشىدى-

كەن، لېكىن دائىم يېڭىلىدىكەن، يېڭىلىگەنسېرى شۇنچە يېپىشىدىكەن.

بىر كۈنى كەچتە سۇلتان باي ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىردا «ئەمدى تاپتىم. ئەتە سەلەيگە ‹ئىتتىن قورقامىلا› دەيمەن. ‹قورقىمەن› دېسە، ‹ئىتتىن قورققان گاداي بولماس›، دەيمەن. ‹قورقمايمەن› دېسە، ‹ناۋايلىق قىلغۇچە، قەلەندەرچىلىك قىلسىلا› دەيمەن» دەپ ئۆزىچە خۇش بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

سۇلتان باي ئەتىسى سەلەينى ئۇچرىتىپ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، سىلى ئىتتىن قورقامىلا؟

— سىلىچۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— مەنغۇ قورقمايمەن، سىلىدىن سوراۋاتىمەن.

— ھەئە، مەنمۇ سىلىدەك ئىتتىن قورقمايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق

سەلەي چاققاننىڭ شەھەر ھاكىمى بولغان چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا ئەرز سۇنۇپتۇ. سەلەي چاققان خەت تونۇمىغاچقا ئەرزنى تەتۈر تۇتۇپ پىچىرلاشقا باشلاپتۇ.

ھەيران بولغان ئەرز ئىگىسى:

— تەقسىر، ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇملا، — دەپتۇ.

— ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇسام، شارىلداپ كېتىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولالماي قالىمەن. قېنى، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قىسقا قىلىپ سۆزلەپ باق، ئېيتقانلىرىڭ ئەرزىڭنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشامدىكىن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ

سەلەي چاققان ئاغرىپ قاپتۇ، قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ.

— تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان يىگىتكە ھال ئېيتىپ، — مۇشۇ ياتقانچە ئورنۇمدىن تۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ياشلىرى ئاتمىشتىن ئېشىپتۇ، يەيدىغانلىرىنى يەپ، كىيىدىغانلىرىنى كىيىپ بولدىلا، خۇددى پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايلا، قوغۇنلۇققا كىرگەن ئادەم ئالدى بىلەن پىشقىنىنى ئۈزىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرسىلە، — دەپتۇ يىگىت.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، سەلەي چاققان ساقىيىپ ھىلىقى يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ. سەلەي چاققان يوقلاپ كىرسە، يىگىت زارلىنىپ:

— ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغانىدى، دۇنيانىڭ ھېچبىر خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم، قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

— ئۇكام، ئورۇنسىز ياش تۆكمە، بۇ ئالەم قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ، قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، پىشقىنىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## تەخەي چوڭ بولسا...

بىر بەگنىڭ مىجەزىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئېشەك» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بەگ بۇ لەقەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جامائەتنى چايغا چاقىرىپ:

— مېنى ئېشەك دېمەڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. كىشىلەردىن بىرى:

— ئېشەك دېمىسەك، نېمە دەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يەنە بىرى:

— تەخەي دەيمىز - دە، — دەپتۇ. بەگ نائىلاج ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى بەگ سەلەي چاققانغا يولۇقۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر مېنى ئېشەك دېمەي تەخەي دەيدىغان بولدى، — دەپ كۆرەڭلەپتۇ. سەلەي چاققان:

— تەخەيمۇ چوڭ بولسا، بەرىبىر ئېشەك بولىدۇ - دە، — دەپتۇ كۈلۈپ.

## ساقال دورا بولۇپ ...

قەشقەرنىڭ چەت يېزىسىدىكى بىر تېۋىپنىڭ نامى چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە خان ئاغرىپ قېلىپ تېۋىپلا بولسا چاقىرتىپ يۈرگەنىكەن. خان ئۇ تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىشكە بىر ياساۋۇلنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، تېۋىپ «ماڭا هارۋىدا يول ئازابى ئېغىر كېلىدۇ» دەپ كەلمەپتۇ. خان گەپ بىلەن بولسىمۇ، ئەپ بىلەن بولسىمۇ ئەكېلەلەيدۇ، دەپ سەلەينى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. سەلەي چاققان:

— قولۇمغا پەرمان يېزىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

خان پەرمان يېزىپ بېرىپتۇ. سەلەي چاققان پەرماننى ئېلىپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تېۋىپ پەرماننى ئوقۇپ كۆلۈپ، ئۆزۈن ئاق ساقىلىدىن ئىككى - ئۈچ تال بېرىپتۇ. ئىشنىڭ كۆتكىنىدەك بولغىنىدىن مەمنۇن بولغان سەلەي چاققان ئۇنى ئەكېلىپ خاننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— نېمە گەپ بۇ؟ — دەپتۇ خان ۋارقىراشقا ماجالى يەتمەي تىترىگەن هالدا.

— ئۆزلىرى يازغان پەرماندا «كەلمىسە، ساقىلىنى يۇلۇپ بولسىمۇ ئەكېلىڭلار!» دېيىلگەنىكەن. ساقال دورا بولسا كېرەك، دەپ بىچارىنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ، ساقىلىنى يۇلۇپ كەلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## نىمىسىنى تۆكمەن

بىر كۈنى ھاكىم:

— سەلەي، سېنىڭ زادى مېنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆكۈشتىن باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— يوق ! — دەپتۇ سەلەي چاققان ئېيمەنمەستىن. ئاچچىقى كەلگەن ھاكىم تەنە قىلىپ:

— ئۇنداق بولسا تۆكۈۋەر ! — دەپتۇ.

— يوق ئابرۇيلىرىڭنىڭ نىمىسىنى تۆكىمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## بايلارنىڭ گۆرىنى كولاش

سەلەي چاققان خوجايىنى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. باي:

— سەن گادايلار ئۆلسەڭ، گۆرۈڭنى كولاشقىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. گۆرۈڭنى كولاش يەنە بىز بايلارنىڭ ئىشى. قەدرىمىزنى بىلىپ يۈر ! — دەپتۇ. سەلەي چاققان:

— توغرا ئېيتتىلا، باي ئاكا، گادايلارنىڭ گۆرىنى كولاش سىلەرگە ئوخشاش ئازلا ئادەمنىڭ ئىشى. ئەمما، بايلارنىڭ گۆرىنى كولاش ھەممە گادايلارنىڭ ئىشى، ھوشلىرىنى يىغىپ يۈرسىلە ! — دەپتۇ.

## ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ

بىر كىشى:

— موللا سەلەي، ئېشەكلىرى شۇنچە ھاڭراپ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ جانىۋار كەم دېگەندە ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى كۆرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

بۇ گەپ ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، سەلەي چاققان شۇ زامان ئۆزىنى سوراقخانىدا كۆرۈپتۇ. دەرغەزەپ بولغان ئامبال:

— خوش، سەن نېمىشقا «مېنىڭ ئېشىكىم ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى كۆرىدۇ» دېدىڭ؟ قېنى، ئىسپاتلاپ بەر! بولمىسا ... — دەپتۇ. سەلەي چاققان ئالدىرىماي:

— ئالدىنقى ئېشىكىم ئۆلگۈچە بۇ يۇرتنى ئۈچ ئامبال سوراپ ئۆتتى. بۇ گەپنى شۇنىڭغا قاراپ ئېيتقانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كوزا

مانجۇ ئەمەلدارى بىر چىرىكنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ بازارغا چىققانىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ئۆتۈشۈپتۇ. سەلەي چاققانىنىڭ ئۆزگە پەرۋاسىز ھالەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەلدار غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— كويزا ! — دەپ يېنىدىكى چېرىككە قاراپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ سەلەي چاققاننىڭ قولىغا كويزا سال دىمەكچىكەن.

چېرىك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىراپ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىشنىڭ يامانغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەلەي چاققان يۈگۈرۈپ بارغىنىچە كوزا - قاچا ساتقۇچىنىڭ ئالدىدىن بىر كوزىنى قولىغا ئاپتۇ - دە، ئۇنى ئەمەلدارغا سۇنۇپ:

— دارىن، چېرىككە ئاچچىقلانمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ كوزىغا ھاجەتلىرى چۈشكەن بولسا، مانا بۇنى ئىشلەتسىلە، — دەپتۇ.

ئۆزگە تەگلەنگەن كوزىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئەمەلدار ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا قۇيرۇقنى تىكىۋېتىپتۇ.



Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4Njcuemlw",
"filename_decoded": "40209867.zip",
"filesize": 32887318,
"md5": "0cb1e9b70c5cb5475a7255f3e1115837",
"header_md5": "c5e89ae72ef99160c7385d4f345b2410",
"sha1": "6df65f7396a1ab92445bbd216d527070e25848ca",
"sha256": "c89e2a076fb072e406e843c46906feb67d1685a9e8f54027c2177265b583778d",
"crc32": 1331991371,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 33237719,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c \u2566\u2500 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209867",
"pdg_main_pages_found": 73,
"pdg_main_pages_max": 73,
"total_pages": 82,
"total_pixels": 321470586,
"pdf_generation_missing_pages": false
}